شىنجاڭ گېزىتى
2020 ـ يىل 8 ـ ئاي
13
پەيشەنبە
维吾尔文 8 月13日
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25152 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر، يېزا تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى

## بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ 1 مىليون 900 مىڭ ئادەمگە نەپ يەتكۈزۈلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى لىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە: يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر، يېزا تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

يېڭىدىن تەڭشەلگەن شەھەر تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى ھەربىر ئادەم ھەر ئايدا 456 يۈەندىن 500 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، يېزا تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى ھەربىر ئادەم ھەر يىلى 3732 يۈەندىن 4100 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەر، يېزا تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرى ئىچىدىكى ياشانغانلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەر، ئېغىر مېيىپلەر، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار(قىسقارتىلىپ «تۆت خىل» كىشىلەر دەپ ئاتالدى)نىڭ تۆۋەن كاپالەت ياردەم پۇلى سەۋىيەسى ھەر ئايدا يەنە 22 يۈەن كۆپەيتىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

[ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى ]

## يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى قەتئىي توسۇش كېرەك

>> 4 ـ بەتتە

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

# ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى

## ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىنغان ناھىيە ۋە كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تۈۋرۈك چېكى ۋەزىپىسىگە چېتىلىدىغان نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ يىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيە، نامراتلىقتىن چىقىندۇرۇلمىغان 559 نامرات كەنتكە ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى، نامرات كەنتلەرنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن چىقىندۇرۇشنى، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىشنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان. يېرىم يىلدىن كۆپرەك تىرىشىش ئارقىلىق، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ۋە ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ھەل قىلىنىپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىنغان ناھىيە ۋە كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تۈۋرۈك چېكى ۋەزىپىسىگە چېتىلىدىغان نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتكەن.

بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر تۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ قېتىم نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ھەم ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھەم جەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش يېتەكچىلىكىنى دائىملىق ياخشى تۇتتى. نامرات كەنت 1 ـ شۇجىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# يېڭى تېخنىكا ئېنېرگىيە بېغىشلىدى سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلار قوغدالدى

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىن شىنجاڭغا نەزەر ④

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنبى

بۇ يىل بىر «يېڭى ھەمراھ» دانچە ماددىلىق لازېر نۇرلۇق رادار ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش باش پونكىتىغا ئورۇنلاشتى. ئاتموسفېراغا چېچىلغان لازېر نۇر ئارقىلىق، ئارقا سۇپا سىستېمىسى ھاۋادىكى دانچە ماددىلارنىڭ ئىستېرېئولۇق تارقىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ، ھازىر بار بولغان يەر يۈزىگە يېقىن كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ئۈسكۈنىسىنىڭ ئۈنۈملۈك تولۇقلىمىسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئاسمان ـ يەر ـ ھاۋا بىر گەۋدىلەشكەن» كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋاستىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى.

سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى، كۆچمە كۆزىتىش ـ ئۆلچەش تېخنىكىسى، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش سىستېمىسى... بارغانسېرى كۆپ يېڭى تېخنىكا، يېڭى جابدۇق، يېڭى سىستېمىلار شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش ساھەسىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىز تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلماقتا. بۇ جەرياندا، يېڭى تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش شەكلىنى بېيىتىپ، مۇھىت ئاسراش، باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى قوغداشنى مۇھىم تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

### تېخنىكىنى ئەمەلىي قوللىنىش ئىستېرېئولۇق كۆزىتىش ـ ئۆلچەش تورى بەرپا قىلدى

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشتىكى ئۇل خىزمەت، شۇنداقلا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تىرەك. بۈگۈنكى كۈندە، تېخنىكىنى ئەمەلىي قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىز دەسلەپكى قەدەمدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئىستېرېئولۇق كۆزىتىش ـ ئۆلچەش تورى بەرپا قىلدى.

ئۈرۈمچى چېڭبېي ھاسىلىي سۇ چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدىكى شەھەر ـ بازار پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى بولۇپ، ھەر كۈنى بىر تەرەپ قىلىدىغان نېيترال سۇ مىقدارى 360 مىڭ كۇب مېتىردىن 380 مىڭ كۇب مېترغا يېتىدۇ. «ئاساسلىق بۇلغىما كۆرسەتكۈچىنى قويۇپ بېرىش ئېغىزىدىكى بۇلغىما مەنبەسىنى ئاپتوماتىك نازارەت قىلىش ـ كۆزىتىش ئەسلىھەسى ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە كۆزىتىپ، ئۆلچەپ، سانلىق مەلۇماتلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كونترول قىلىدىغان بۇلغىما مەنبەسىنى ئاپتوماتىك نازارەت قىلىش ـ كۆزىتىش سىستېمىسىغا يوللاپ بېرىدۇ.» بۇ شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ سۇ سۈپىتىنى تورىدا كۆزىتىش ـ ئۆلچەش خادىمى شى لىپى مۇنداق دېدى: كۆرسەتكۈچتە نورمالسىزلىق كۆرۈلگەن ھامان، ئالاقىدار خىزمەتچى خادىملار بىرىنچى ۋاقىتتا كارخانا بىلەن ئالاقىلىشىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى توسۇش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى ——

# ئىسراپچىلىق نومۇس تېجەشلىك بولۇش شەرەپ

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى توسۇش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشۋىق ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، تېجەشلىك بولۇش ئادىتىنى ھەقىقىي يېتىلدۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىسراپچىلىقنى نومۇس، تېجەشلىك بولۇشنى شەرەپ بىلىدىغان كەيپىيات يارىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىر، ئامما بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ، «يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى»نى قەتئىي توسۇپ، تىرىشىپ تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشنى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلاندۇرىمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاشلىق بىخەتەرلىككە قارىتا يەنىلا باشتىن ـ ئاخىر كرىزىس ئېڭى بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسى كەسىپ تەرەققىيات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى دىلى باۋدېڭ مۇنۇلارنى دېدى: يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى توسۇشنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، ئاشلىقنى ئىلمىي زاپاس ساقلاش، ئاشلىقنى يېشىل زاپاس ساقلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئاشلىقنى زاپاس ساقلاشتىكى زىياننى ئازايتىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقىغا قەتئىي «ياق» دېيىش كېرەك

□ فەن خۇڭبى

«يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى ھادىسىسى كىشىنى چۆچۈتىدۇ، كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى توسۇش توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالدۇ.

«بىلەرسىزمۇ بۇ تائاملار جاپالىق ئەجىرنىڭ ھوسۇلى». يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى تېرىلغۇ يەر بايلىقى، سۇ بايلىقى، ئېنېرگىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ، كىشىنى ھەقىقەتەن قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى بىر قىسىم نامرات رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سۆز ھەممىگە

لى پېڭشىن ئۈرۈمچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى

# تۈرلۈك تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى سىجىل تۆۋەنلىدى

## ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 38 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى
## كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئالتە يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى جۈنشيا، جاۋ جۈنخۇانىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە دوختۇرخاندا داۋالىنىۋاتقان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تېببىي كۆزىتىلىۋاتقان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى سىجىل تۆۋەنلىگەن.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە دوكلات قىلىنغان يېڭىدىن كۆپەيگەن

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



**پورەكلەپ ئېچىلىش**

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ خونۇقاي بازىرىدىكى ئاپتاپپەرەسلەر پورەكلەپ ئېچىلدى. 8 ـ ئايدىن بۇيان، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدە تېرىلغان 30 مىڭ مودىن ئارتۇق ئاپتاپپەرەس ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلدى، يىراقلارغا نەزەر سالسىڭىز، پۈتۈن يەر ئالتۇن رەڭ تۈس ئالغاندى.

□ لى ۋېنۋۇ فوتوسى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# ئاقىللاشتۇرۇش تۈرتكە بولدى ئەشيا ئوبوروتى راۋاجلاندى

يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر ③

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ شياڭ، شى شىن، جېن شىشىن، جاڭ ئاۋ، لۈ يىخەن

ئادەم ئۆيدە ئولتۇرار، ماللار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلەر. بىر ئۇچى ئىشلەپچىقىرىشقا، بىر ئۇچى ئىستېمالغا تۇتاشقان ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى ئورنى بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭى ئۈسكۈنە، چوڭ سانلىق مەلۇمات، بۇلۇت ھېسابلاش قاتارلىقلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئەشيا ئوبوروتى كەسپىدە ئەنئەنىۋىلىكتىن زامانىۋىلىققا ئۆتۈشتەك كېپىنەكسىمان ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ «ياخشى مال»لىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەتتە ئىچكىرى رايونلارغا يۈزلەندى، دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «پوچتا ھەققىنى كۆتۈرۈۋېتىش» «تېز يەتكۈزۈش»مۇ شىنجاڭ ئىچىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئىستېمالچىلارغا يېقىنلاشتى.

### يېڭى ئۈسكۈنىلەر مەشغۇلات ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى

ئاپتوماتىك ئايرىش ماشىنىسىنىڭ يەتكۈزۈش تاسمىسىدا رەتلىك تىزىلغان پوسۇلكىلار تەكشى سۈرئەتتە ئىلگىرىلەيدۇ، ئىنفرا قىزىل نۇردا سكانىرلاش ئارقىلىق، پوسۇلكا ئۇچۇرلىرى ئاپتوماتىك پەرقلەندۈرۈلىدۇ. يەتكۈزۈش تاسمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە 100دىن ئارتۇق سېرىق رەڭلىك يەتكۈزۈش ئېغىزى بولۇپ، سكانىرلانغاندىن كېيىنكى پوسۇلكىلار مۇناسىپ يەتكۈزۈش ئېغىزىغا دەل سىيرىلىپ چۈشىدۇ. خىزمەتچى خادىملار ئارقىدىن پوسۇلكىلارنى قول ھارۋىسىغا تىزىپ توشۇپ، ئاپتوموبىلغا قاچىلاپ يەتكۈزۈش تور نۇقتىلىرىغا يەتكۈزىدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سكانىرلاپ تېخىمۇ كۆپ يېڭى تاراتقۇ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈڭ